## 366120 ـ ماسكا كەيگەنلىك سەۋەپتىن روزىدار كىشى تۆكۈرۈكنى يۇتۇۋەتسە قانداق بولىدۇ؟

### سۇئال

بىز مۇشۇ كۈنلەردە كورۇنا ۋىرۇسى سەۋەبىدىن ماسكا تاقايمەن، بەزى ۋاقىتتا سۆز قىلسام شالىم چىقىپ كالپۇكۇمغا چاپلىشىپ قالىدۇ، ئاجرىمايدۇ، كېيىن ئېغىزىمغا كىرىپ كەتتىمۇ ياكى ماسكىغا چاپلىشىپ قالدىمۇ بىلمەيمەن، بۇ روزىنى بۇزامدۇ؟ ئەگەر كالپۇكۇمدا قۇرۇپ قالسا، كېيىن كالپۇكۇمنى يۇمسام قۇرۇپ قالغان شال يۇمشىسا بۇنىڭ تەسىرى بولامدۇ ياكى قۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ھېچ گەپ بولمامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-ساالاملىرى بولسۇن.

ئىنساننىڭ شالى ۋە تۆكۈرۈكى ئىككى كالپۇكىغا يەتسە، ئاندىن ئۇنى مەقسەتسىز يۇتۇۋەتكەن بولسا، شۇنىڭغا ئوخشاش مەخسەتسىزلا ئىككى كالپۇكنى تىلى بىلەن نەم قىلسا بۇنىڭغا ھېچ نەرسە بولمايدۇ، شۇنىڭدەك تۆكۈرۈك قۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئىككى كالپۇكنى يۇمسا، تۇكۇرۇكنىڭ ئەسىرى قۇرۇپ قىلىش بىلەن يوق بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قەستەن بولسۇن ياكى خاتا بولسۇن روزىنى بۇزۇشقا سەۋەپ بولىدىغان بىر نەرسە قالمايدۇ، ئەمما تۆكۈرۈك ئېغىزدىن چىقىپ كالپۇكىغا كېلىش بىلەنلا يۇتۇۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپ بار:

شافىئى ۋە ھەنبەلى مەزھەب ئالىملىرى بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلىدۇ دېگەن قاراشتا بولدى، چۈنكى تۆكۈرۈك دېگەن ئۆزىنىڭ ئورنى بولغان ئېغىزنىڭ ئىچىدىن ئايرىلغان، كېيىن ئۇنى يۇتىۋەتكەنلىك ئۆز ئورنىدىن ئايرىلغان باشقا نەرسىلەرنى يۇتىۋەتكەنگە ئوخشاشتۇر.

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ تۆكرۈكنى يۇتۇۋەتسە روزىسى بۇزۇلمايدۇ دەيدۇ، يەنى تۆكۈرۈك ئېغىزدا بولسا، ئۆز ئورنىدىن ئايرىلمىغان بولسا روزا بۇزۇلمايدۇ، ئەمما تۆكۈرۈك ئېغىزىدىن كالپۇكىغا كەلگەندە ئۇنى تىلى بىلەن كالپۇكى بىلەن قايتىدىن ئېغىزىغا ئېلىپ يۇتۇۋەتكەن بولسا ئۇ ۋاقىتتا روزىسى بۇزۇلىدۇ.

بىزنىڭ ئەسھابىلىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر تۆكۈرۈك كالپۇكنىڭ سىرتىغا چىققان بولسا ئۇنى قايتۇرۇپ يۇتۇۋەتكەن بولسا، روزىسى بۇزۇلىدۇ، چۈنكى تۆكۈرۈك ئەپۇ قىلىنىدىغان دائىرىدىن چىقىپ كەتتى. مۇتەۋەللى مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر كالپۇكىغا كەلسە ئاندىن ئۇنى قايتۇرۇپ يۇتۇۋەتكەن بولسا روزىسى بۇزۇلىدۇ". ["ئەل مەجمۇئ"6-توم 342-بەت].

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "تۆكۈرۈكى كىيىمگە ياكى ئىككى بارمىقى ئارىسىغا ياكى ئىككى كالپۇكى ئارىسىغا چىققان بولسا، ئاندىن ئۇنى قايتىدىن ئېغىزىغا ئېلىپ يۇتۇۋەتكەن بولسا، روزىسى بۇزۇلىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى ئېغىزىدا بولمىغان نەرسىنى يۇتۇۋەتتى، بۇ باشقا نەرسىنى يۇتىۋەتكەنگە ئوخشاش بولدى". ["ئەل مۇغنى" 3-توم 17-بەت].

ھەنەپى مەزھەب ئالىملىرى: تۆكۈرۈكنى ئېغىزىدىكى ۋاقتىدا يۇتۇۋەتكەن بولسا روزىسى بۇزۇلمايدۇ، ئەمما ئېغىزىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن قايتىدىن ئېغىزىغا كىرگۈزۈپ يۇتۇۋەتسە روزىسى بۇزۇلىدۇ دېگەن قاراشتا بولدى.

"پەتھۇل قەدىير" 2-توم 332-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "تۆكۈرۈك ئېغىزنىڭ ئۇچىغا كەلگەندە ئۇنى قايتىدىن ئېغىزىغا كىرگۈزۈپ يۇتۇۋەتكەن بولسا، ئەگەر ئېغىزدىن ئايرىلمىغان بولسا يىپتەك ياكى شالدەك ئېغىزىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان ھالەتتە يۇتۇۋەتكەن بولسا ئۇ ۋاقىتتا روزىسى بۇزۇلمايدۇ، ئەگەر ئېغىزىدىن تولۇق ئۈزۈلگەندىن كېيىن ئېغىزىغا سىلىپ يۇتۇۋەتكەن بولسا روزىسى بۇزۇلىدۇ، كاپارەت كەلمەيدۇ، بۇ خۇددى باشقىلارنىڭ تۆكۈرۈكىنى يۇتىۋەتكەنگە ئوخشاشتۇر، ئەگەر تۆكۈرۈكنى ئېغىزىدا جۇغلاپ ئاندىن يۇتۇۋەتكەن بولسا بۇ ياخشى كۆرەلمەيدۇ لىكىن روزىسى بۇزۇلمايدۇ".

ماسكىغا جۇغلىشىپ قالىدىغان نەرسىلەردىن ھەزەر قىلىش كېرەك، تۆكۈرۈك ئېغىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇنى قايتىدىن يەنە ئېغىزىغا ئېلىپ يۇتىۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ئەمما ئۇنىڭدىن ساقلىنىش قىيىن بولسا ياكى مەقسەتسىز قايتىدىن ئېغىزىغا كىرىپ كەتسە، بۇ ساقلىنىش قىيىن بولغان، كۆپ ئۇچرايدىغان ئەپۇ قىلىنىشقا يېقىن ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شەرىئەتمۇ ئېغىزنى چايقاپ بولغاندىن كېيىن قالغان سۇنىڭ تەسىرىدىن ئەپۇ قىلدى.

ئەمما ئىككىنچى قېتىم قايتىدىن ئېغىزغا كىردىمۇ ياكى كىرمىدىمۇ بۇ بىلىنمىگەندە، بۇنى ئېتىبارغا ئالماسلىق كېرەك، چۈنكى ئەسلى روزىنىڭ بۇزۇلمىغانلىقى ۋە تۆكۈرۈكنىڭ ئېغىزغا قايتمىغانلىقىدۇر.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.